شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ـــ يېڭى دەۋر، يېڭى نەتىجە، يېڭى سەھىپە

# ئەخلەتنى تۈرگە ئايرىش: «يېڭى يۈزلىنىش»نىڭ گۈزەل كارتىنىسى

باش شۇجى كۆڭۈل بۆلگەن پۇقرالارنىڭ ئەتراپىدىكى ئىشلار

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى

«ئەخلەتنى تۈرگە ئايرىشنى يولغا قويۇش كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇش مۇھىتىغا مۇناسىۋەتلىك، بايلىقنى تېجەپ ئىشلىتىشكە مۇناسىۋەتلىك، شۇنداقلا جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيلىك سەۋىيەسىنىڭ بىر مۇھىم نامايەندىسى.» باش شۇجى شى جىنپىڭ ئەخلەتنى تۈرگە ئايرىشتىن ئىبارەت بۇ «ئاچقۇچلۇق كىچىك ئىش»قا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى.

2018 ـ يىلى 11 ـ ئايدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ شاڭخەيدە تەكشۈرۈشتە بولغاندا، ئەخلەتنى تۈرگە ئايرىش يېڭى يۈزلىنىش، دەپ تەكىتلىدى.

بىر مەيدان «يېڭى يۈزلىنىش»نى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىدىغان ئەخلەتنى تۈرگە ئايرىش پۈتۈن مەملىكەتتىكى ۋىلايەت دەرىجىلىك ھەم ئۇنىڭدىن يۇقىرى شەھەرلەردە ئومۇميۈزلۈك باشلاندى.

## ■ «تۈرگە ئايرىش» ياخشى مۇھىت، ياخشى كەيپىيات ئېلىپ كەلدى

«ئەخلەتنى تۈرگە ئايرىش دۆلەتكە پايدىلىق، خەلققە پايدىلىق. شياۋمياۋزى كەنتىدىكى يۇرتداشلار، ئاڭلىق ھالدا ئەخلەتنى تۈرگە ئايرىشنى ياخشى ئىشلەڭلار...» ئەتىگەندىلا، تاڭ ئەمدىلا يورۇشى بىلەن، كەنت ئاھالىسى جاڭ يۈكۈي ئەخلەت توشۇيدىغان ئۈچ چاقلىق توكسىكلىتنى ھەيدىگىنىچە كەنتتە ئۇياق ـ بۇياققا ئايلىنىشقا باشلىدى. ئۈچ چاقلىق توكسىكلىتتىكى لاباددىن چىققان ئاۋاز كەنتتە ياڭرىدى، كەنت ئاھالىلىرى ئارىلاپ ـ ئارىلاپ ئاۋازنى ئاڭلاپ چىقىپ، ئايرىپ قويغان ئەخلەتلىرىنى جاڭ يۈكۈينىڭ ئەخلەت توشۇيدىغان ئۈچ چاقلىق توكسىكلىتىغا تاشلىدى.

بۇ، مۇخبىرلار يېقىندا ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى چىفېڭ شەھىرى سۇڭشەن رايونىدىكى يېزىلارنى زىيارەت قىلغاندىكى كۆرۈنۈش.

شياۋمياۋزى كەنتى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى چىفېڭ شەھىرى سۇڭشەن رايونىغا جايلاشقان، ئۆتكەن يىلدىن بۇيان، كەنت زور كۈچ سەرپ قىلىپ ئەخلەتنى تۈرگە ئايرىشنى يولغا قويۇشقا باشلىدى. كەنت ئېغىزىدا ئايلىنىپ يۈرگەن 70 ياشلىق كەنت ئاھالىسى بى يۈلياڭ مۇخبىرلارغا مۇنداق دېدى: ئىلگىرى كوچا بويلىرى ۋەيرانە بولۇپ، ھەممە يەردە ياۋا ئوت ـ چۆپلەر، كېرەكسىز بوتۇلكا، ئەسكى قەغەز قاپلار بار ئىدى، ھازىر زور ئۆزگىرىش بولدى، «مۇھىت ياخشىلاندى، سىرتقا چىقساق كەيپىياتىمىزمۇ كۆتۈرۈلۈپ قالدۇ».

«ئەخلەتنى تۈرگە ئايرىشنىڭ بىر ئۇچى خەلق تۇرمۇشىغا چېتىلىدۇ، بىر ئۇچى مەدەنىيلىككە تۇتىشىدۇ» ـــ مەملىكەت بويىچە ئەخلەتنى تۈرگە ئايرىشنى باشلامچىلىق بىلەن يولغا قويغان شاڭخەي شەھىرى ئاھالىلىرىنىڭ بۇنىڭغا قارىتا تەسىراتى تېخىمۇ چوڭقۇر.

شاڭخەي شەھىرى باۋشەن رايونى ياڭخەي ياتاق بىناسى 7 ـ ئايدا ئەخلەتنى تۈرگە ئايرىشقا مۇناسىۋەتلىك نىزام رەسمىي يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، مەھەللە «قەرەللىك ۋاقىتتا بەلگىلەنگەن نۇقتىغا تاشلاش» تۈزۈمىنى يولغا قويدى. ئەخلەت تۇڭلىرى ئازايدى، يەنە ئەخلەت تاشلاش نۇقتىسى ئىككىگە قىسقارتىلدى؛ ئەخلەت تۇڭلىرىنى قويۇش ۋاقتىمۇ قىسقارتىلدى، ئەخلەت تاشلاش نۇقتىسى ھەر كۈنى ئەتىگەن ـ كەچتە ئىككى سائەتتىن ئېچىلدى، بۇ مەزگىلدە مۈلۈك باشقۇرۇش ئورۇندىكىلەر نەق مەيداندا ساقلاپ تۇرۇپ، تۇڭلار توشقاندا دەرھال توشۇپ، تېشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئالدى.

مەھەللىدىكى ئاكا ـ ئۇكا قوشكېزەك شوۋ چېڭگۇ، شوۋ شېۋگېي ئەخلەتنى تۈرگە ئايرىشتىكى «ئاكتىپ»لارغا ئايلاندى، يازلىق تەتىل مەزگىلدە، 20 نەچچە قېتىم پىدائىي بولۇپ، ئەخلەتنى تۈرگە ئايرىش بويىچە «يۇرت ـ ماكاننى تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرۈش» جەريانىنى باشتىن كەچۈردى.

«كۆممىقوناق ساقىلى ھۆل ئەخلەت، پوستى قۇرۇق ئەخلەت؛ ياڭاقنىڭ شاكىلى قۇرۇق ئەخلەت، شاپتۇل ئۇچكىسىمۇ قۇرۇق ئەخلەت»، بۇ ئاسان ئارىلىشىپ كېتىدىغان ئەخلەتلەرنى ئاكا ـ ئىنى ئىككىيلەن «ئېنىق بىلىۋالدى».

سانلىق مەلۇماتتا كۆرسىتىلىشىچە، 7 ـ ئايدا، «شاڭخەي شەھىرىنىڭ تۇرمۇش ئەخلىتىنى باشقۇرۇش نىزامى» يولغا قويۇلغان تۇنجى ئايدا، ھۆل ئەخلەتنىڭ كۈندىلىك ئوتتۇرىچە توشۇلۇش مىقدارى 8200 توننا بولۇپ، ئالدىنقى ئايدىكىدىن 15%، 2018 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكىدىن 82% ئاشقان؛ قۇرۇق ئەخلەتنىڭ كۈندىلىك ئوتتۇرىچە توشۇلۇش مىقدارى 17 مىڭ توننا بولۇپ، 6 ـ ئايغا سېلىشتۇرغاندا 11.7% ئازلىغان؛ يىغىۋېلىشقا بولىدىغان بۇيۇملارنىڭ كۈندىلىك توشۇلۇش مىقدارى 10% ئېشىپ، 4400 تونىغا يەتكەن. قۇرۇق ئەخلەتنىڭ مىقدارى ئازلاپ، ھۆل ئەخلەت ۋە يىغىۋېلىشقا بولىدىغان بۇيۇملارنى بايلىققا ئايلاندۇرۇش ئەھۋالى ئۈزلۈكسىز ياخشىلانغان.

ئەخلەتنى تۈرگە ئايرىشتىن ئىبارەت بۇ «يېڭى يۈزلىنىش» شاڭخەيدىن پۈتۈن مەملىكەتكە سىجىل كېڭەيدى. يېقىندا، بىر ساياھەت يېتەكچىسىنىڭ شاڭخەيگە ساياھەتكە كەلگەنلەرگە ئەخلەتنى تۈرگە ئايرىش قوشىقى ئوقۇپ بەرگەنلىككە ئائىت سىن فىلىم توردا داڭ چىقاردى.

«شاڭخەيگە بىر قېتىم كېلىپ ئەخلەتنى تۈرگە ئايرىشقا ئائىت بىلىمنى ئۆگىنىۋالدۇق، ھەقىقەتەن ياخشى بولدى» دېدى خېبېيدىن كەلگەن ساياھەتچى جوۋ چېمىڭ.

## ■ «تۈرگە ئايرىش» شەھەر ـ يېزىلارنى تۈجۈپىلەپ تۈزەشكە، مەھەللە ئىناقلىقىغا پايدىلىق

بۇ يىل 6 ـ ئايدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ ئەخلەتنى تۈرگە ئايرىش خىزمىتى توغرىسىدا مۇھىم يوليورۇق بېرىپ: ئەخلەتنى تۈرگە ئايرىشنى يولغا قويۇشتىكى ئاچقۇچ ئىلمىي باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزم شەكىللەندۈرۈش، ئادەت يېتىلدۈرۈشكە تۈرتكە بولۇشتا، دەپ كۆرسەتتى. ھەم يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىپ، شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈپ، سىجىل ئالغا سىلجىتىپ، خىزمەتنى ئىنچىكە، پۇختا ئىشلەپ، ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ چىڭ تۇتۇش كېرەك، دەپ تەكىتلىدى.

قانداق قىلغاندا ئادەت يېتىلدۈرۈشكە تۈرتكە بولغىلى بولىدۇ، قانداق قىلغاندا ئىنچىكە، پۇختا ئىشلىگىلى بولىدۇ؟ بۇنىڭغا قارىتا ياڭخەي ياتاق بىناسىدىكى ئاھالىلەر چوڭقۇر تەسىراتقا ئىگە.

ئەخلەتنى تۈرگە ئايرىش يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، «بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا تاشلاش»قا قارىتا، ياڭخەي ياتاق بىناسىدىكى ئاھالىلەر ئىلگىرى توپتا قىزغىن مۇزاكىرە قانات يايدۇرغانىدى:

«ئەتىگەن سائەت 30 : 6دىن 30 : 8غىچە، كەچ سائەت 6دىن 8گىچە» بولغان ۋاقىت نۇقتىسى ئۆزىمىزنىڭ خىزمەت، تۇرمۇش رىتىمىمىزغا ئۇيغۇن كەلمىسە، ئەخلەت تاشلاشقا ئۈلگۈرەلمىسەك قانداق قىلىمىز؟» دەپ سورىدى بىر ئاھالە.

ئەخلەت تاشلىشى قولايلىق بولمىغان ئاھالىلەر تېلېفون قىلىپ تىزىملاتسا بولىدۇ، ئاھالىلەر كومىتېتى ئەھۋالغا قاراپ ئىشىك ئالدىغىچە بېرىپ مۇلازىمەت قىلىدۇ ـــ ياڭخەي ياتاق بىناسى ئاھالىلەر كومىتېتى ھەل قىلىش لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

«پىكىر ئالماشتۇرۇش، چۈشىنىشتىن ھەل قىلىش لايىھەسى ئوتتۇرىغا قويۇلغۇچە، مەھەللىدىكى ئاھالىلەرنىڭ مۇناسىۋىتى بارغانسېرى قويۇقلاشتى» دېدى تەۋەلىكتىكى مېيلىن ئاھالىلەر كومىتېتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى يەن شيۇچىن.

تۇرالغۇ ۋە شەھەر ـ يېزا قۇرۇلۇشى مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرى ۋاڭ مېڭخۈي مۇنداق دېدى: «مەھەللە شەھەر باشقۇرۇش سىستېمىسىنىڭ ئاساسىي بىرلىكى، شۇنداقلا ئەخلەت ئاساسلىق چىقىدىغان جاي. ئاھالىلەرنى سۇبيېكت قىلىپ، ئىشنى مەھەللىدىن باشلاپ تۇتقاندا، ئەخلەتنى تۈرگە ئايرىشتا ئاندىن بىرقەدەر ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ».

«ئەخلەتنى تۈرگە ئايرىش بىر تۈرلۈك جەمئىيەتنى تۈزەش سىستېما قۇرۇلۇشى بولۇپ، شەھەر ـ يېزىلارنى ئىنچىكىلەشتۈرۈپ باشقۇرۇش سەۋىيەسىنى سىنايدۇ.» چىڭخۇا داشۆسى مۇھىت شۆيۈەنىنىڭ پروفېسسورى لىۋ جيەنگونىڭ قارىشىچە، ئەخلەتنى تۈرگە ئايرىشنى ياخشى ئىشلەش شەھەر ـ يېزىلارنى «تۈجۈپىلەپ تۈزەش»كە پايدىلىق ئىكەن، شۇنداقلا قويۇق، ئىناق مەھەللە مۇھىتى بەرپا قىلىشقا پايدىلىق ئىكەن.

## ■ «تۈرگە ئايرىش»تا ئالدىنقى ئۇچتا يىغىش، ئوتتۇرا ئۇچتا توشۇش، كېيىنكى ئۇچتا بىر تەرەپ قىلىشتەك مۇكەممەل زەنجىر شەكىللەندى

2016 ـ يىلى 12 ـ ئايدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ مەركەز مالىيە ـ ئىقتىساد رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچقاندا ئەخلەتنى تۈرگە ئايرىش تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇشنى تەتقىق قىلىپ، ئەخلەتنى تۈرگە ئايرىپ تاشلايدىغان، تۈرگە ئايرىپ يىغىدىغان، تۈرگە ئايرىپ توشۇيدىغان، تۈرگە ئايرىپ بىر تەرەپ قىلىدىغان ئەخلەت بىر تەرەپ قىلىش سىستېمىسىنى تېز بەرپا قىلىشنى تەكىتلىدى.

ئەخلەتنى تۈرگە ئايرىش پۈتۈن مەملىكەتنىڭ قىسمەن شەھەرلىرىدە، ئالدىنقى ئۇچتا يىغىش، ئوتتۇرا ئۇچتا توشۇش، كېيىنكى ئۇچتا بىرتەرەپ قىلىشتىن ئىبارەت ئەخلەتنى تۈرگە ئايرىشنىڭ مۇكەممەل زەنجىرىنى شەكىللەندۈردى.

قىزغىنلىق بىلەن قانات يايدۇرۇلغان ئەخلەتنى تۈرگە ئايرىش تازىلاش پونكىتلىرىغىمۇ يېڭى ئۆزگىرىش ئېلىپ كەلدى.

«بۇ يىلدىن بۇيان، تازىلاش پونكىتلىرىدا ھەر كۈنى يىغىۋېلىنىدىغان ئەخلەتنىڭ مىقدارى تەخمىنەن 10% ئازايدى، سەۋەبى ئاساسلىقى ئاشخانا ئەخلىتى بىلەن باشقا ئەخلەتلەرنى ئايرىۋېتىشتا.» بېيجىڭ شەھىرى شىچېڭ رايونلۇق مۇھىت تازىلىق مۇلازىمەت مەركىزى 2 ـ ئەترەتنىڭ كەسىپ ئەترىتىنىڭ باشلىقى ۋاڭ شياۋدۇڭنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، مەھەللىلەردىن توشۇپ كېلىنگەن ئەخلەت ئەگەر تۈرگە ئايرىش تەلىپىگە ئۇيغۇن كەلمىسە، تازىلاش پونكىتلىرى رەت قىلسا بولىدىكەن.

مۇخبىرلارنىڭ ئىگىلىشىچە، ئەخلەتنى كېيىنكى ئۇچتا بىر تەرەپ قىلىشنى چۆرىدەپ، تۇرالغۇ ۋە شەھەر ـ يېزا قۇرۇلۇشى تارماقلىرى سېلىنمىنى كۆپەيتىپ، ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشى ئېلىپ بارغان، ھەرقايسى جايلار «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش» شەكلىدە ئىزدىنىشنى قانات يايدۇرغان.

شياۋمياۋزى كەنتىنى مىسالغا ئالساق، كەنتلەر ئارىلىقى يىراق، مەركەزلەشتۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشتا ئەشيا ئوبوروت تەننەرخى يۇقىرى بولغاچقا، ھەرقايسى كەنتلەر ئۆز ئالدىغا بىر يۈرۈش قۇرۇلما قۇردى. شياۋمياۋزى كەنتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى جاۋ خۈيجيې تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: «ئەخلەتنى بىر تەرەپ قىلىش پونكىتى كەنت سىرتىغا قۇرۇلغان بولۇپ، كەنتتە ھەر كۈنى تەخمىنەن تۆت كۇب مېتىر قۇرۇق ئەخلەت چىقىدۇ، پىششىقلانغاندىن كېيىن پەقەت كىچىك بىر دۆۋە ‹كۈل› قالىدۇ».

شاڭخەيدىكى بەزى مەھەللىلەر «ھۆل ئەخلەتنى مەھەللىدىن چىقارماسلىق»نى سىناپ كۆرۈپ، ئاھالىلەرنىڭ ئۆيىدىن چىققان كۆكتات يوپۇرمىقى، مېۋە شۆپىكىنى كىچىك تىپتىكى بىيوخىمىيەلىك ئۈسكۈنە ئارقىلىق ئېچىتقاندىن كېيىن، بىردىنلا «ئورگانىك ئوغۇت»قا ئايلانغان، ئۇنى گۈل ـ گىياھلارنى بېقىشقا ئىشلىتىپ، ھۆل ئەخلەتنى بايلىققا ئايلاندۇرۇپ پايدىلىنىشنى ئىشقا ئاشۇردى.

شاڭخەي شەھەر ئاھالىسى شۇ جىڭجىك يېقىندا ئىدارە تەشكىللىگەن ئەخلەتنى بىر تەرەپ قىلىش بويىچە پەننى ئومۇملاشتۇرۇش پائالىيىتىگە قاتناشتى. «تۈرگە ئايرىلغاندىن كېيىن ئەخلەتلەرنىڭ ئىسسىقلىق قىممىتى ئاشتى، كۆيدۈرۈش زاۋۇتىنىڭ توك چىقىرىش ئۈنۈمى تېخىمۇ يۇقىرى بولدى. ئالدىنقى ئۇچتا تۈرگە ئايرىشنىڭ كېيىنكى ئۇچتا ئەمەلىي ئۈنۈم يارىتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بىز ئەخلەتنى تۈرگە ئايرىشنى ياخشى ئىشلەشتىن تېخىمۇ زور ئىلھام ئالدۇق».

«دۆلىتىمىزنىڭ تۈرگە ئايرىپ بىر تەرەپ قىلىش ئەسلىھەلىرى كۆپ مەنبەلىشىشكە، زامانىۋىلىشىشقا قاراپ يۈزلەندى، ئوخشاش بولمىغان شەھەرلەر يىغىش، يۆتكەش، كۆيدۈرۈپ توك ھاسىل قىلىش، بىيولوگىيەلىك بىر تەرەپ قىلىش، ھاسىلىي بايلىقلارنى يىغىۋېلىپ پايدىلىنىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى كەمتۈك ئەھۋاللارغا قارىتا، ھەرقايسىسى ئۆز ئالدىغا مۇناسىۋەتلىك يېرىك پىلان ۋە قۇرۇلۇشلارنى باشلىدى. ئەخلەتنى تۈرگە ئايرىش ئېلىپ كەلگەن مىقدارنى ئازايتىش، بايلىققا ئايلاندۇرۇش، زىيانسىزلاندۇرۇشنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈلمەكتە» دېدى لىۋ جيەنگو.

دۆلىتىمىزنىڭ ئەخلەتنى تۈرگە ئايرىش خىزمىتى نۇقتىدىن دائىرىگە قاراپ، تەدرىجىي باشلاندى، نەتىجە ـ ئۈنۈمى دەسلەپكى قەدەمدە كۆرۈلدى. بۇ يىلدىن باشلاپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ۋىلايەت دەرىجىلىك ھەم ئۇنىڭدىن يۇقىرى دەرىجىلىك شەھەرلەر تۇرمۇش ئەخلىتىنى تۈرگە ئايرىش خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك باشلىدى، 2020 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 46 نۇقتىلىق شەھەردە ئەخلەتنى تۈرگە ئايرىپ بىر تەرەپ قىلىش سىستېمىسى ئاساسىي جەھەتتىن قۇرۇلىدۇ، 2025 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىن بۇرۇن پۈتۈن مەملىكەتتىكى ۋىلايەت دەرىجىلىك ھەم ئۇنىڭدىن يۇقىرى دەرىجىلىك شەھەرلەردە ئەخلەتنى تۈرگە ئايرىپ بىر تەرەپ قىلىش سىستېمىسى ئاساسىي جەھەتتىن قۇرۇلىدۇ.

**(يازغان مۇخبىرلار جياڭ ۋېي، خې شىنرۇڭ، دۇ كاڭ، ۋاڭ يۈلۈڭ، گۇەن گۈيفېڭ، ئەن لۇمىڭ)**

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 8 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

---

گۈزەل يۇرت ـ ماكانىمىزنى ياخشى قوغدايلى

# پارتىيەنىڭ ئىللىقلىقى ئۆسۈپ يېتىلىشىمگە ھەمراھ بولدى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ماڭا كۈچ بەردى

□ توقسۇ ناھىيەلىك سىياسىي كېڭەش پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن رەئىس نۇرنىسەم تىلىپ

مەن توقسۇدا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان، باللىق چاغلىرىمدا ئائىلىمىزدە نوپۇس كۆپ، كىرىم ئاز ئىدى، پۈتۈن ئائىلىدىكى سەككىز جان دادام بىر ئادەمنىڭ مائاشىغا تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرەتتۇق، كۈنلىرىمىز قىيىنچىلىقتا ئۆتەتتى. دادام كىچىك ۋاقتىمىزدىن تارتىپلا بىزگە ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى بىر ئائىلە كىشىلىرى، دۆلەت ئورتاق تىلىنى ئۆگەنگەندە پىكىر ئالماشتۇرۇش، ئالماشتۇرۇشقا قولايلىق، كەلگۈسىدە خىزمەت تېپىشمۇ ئاسان بولىدۇ، دەپ تەربىيە بېرەتتى. ئائىلىمىزدىكى ئاكا ـ ئىنى، ئاچا ـ سىڭىل ھەممىمىز كىچىك ۋاقتىمىزدىن تارتىپلا مەھەللىدىكى خەنزۇ مىللىتى، خۇيزۇ مىللىتىدىن بولغان كىچىك دوستلار بىلەن بىللە ئۆگىنىشنى، بىللە ئويناشنى ياخشى كۆرەتتۇق، ئۇسساپ كەتسەك، قورسىقىمىز ئاچسا قايسىلا قوشنىلارنىڭ ئۆيىگە كىرسەك، ئۇسسۇزلۇقىمىزنى قاندۇرۇپ، قورسىقىمىزنى تويدۇرالايتتۇق، ئارىمىزدا ھېچقانداق ئارازلىق يوق ئىدى. داۋاملىق بىللە ئويناشقاچقا، بىز ھەربىر بالا دېگۈدەك دۆلەت ئورتاق تىلدا راۋان سۆزلىشەلەيتتۇق.

مېنىڭ ھازىرغىچە ئېنىق ئېسىمدە، كىچىك ۋاقتىمدىكى دوستۇم جياڭ شىنخۇئەنىڭ ئانىسىنىڭ ئىسمى ياڭ گۈيفاڭ بولۇپ، بىز بىر توپ بالىلار ئۇنى ياڭ ھاما، دەپ ئاتايتتۇق. ئۇدۇل كېلىپ قالغىنى شۇكى، بىز ئىككىلا ئائىلىنىڭ ئىشكى ئالدىدا يوغان بىر تۈپتىن ئۈجمە دەرىخى بار ئىدى، ياڭ ھامامنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدىكىسى قارا ئۈجمە دەرىخى، بىزنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدىكىسى ئاق ئۈجمە دەرىخى ئىدى. ھەر يىلى ياز پەسلى كېلىشى بىلەنلا، بىز بىر توپ بالىلار ئۈجمىنىڭ تېزرەك پىشىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتەتتۇق. 5 ـ ئاي كەلگەندە، دانە ـ دانە توق ئۈجمىلەرنىڭ ئېقى كرىستالدەك يالتىراپ تۇراتتى، قارىلىرى پارقىراپ تۇراتتى، چوڭراق بالىلار ئاتا ـ ئانىسىنىڭ دىققەت قىلمىغانلىقىدىن پايدىلىنىپ دەرەخكە يامىشىپ ئۈجمە يەيتتى، بىز كىچىك بالىلار قاچان ئۈجمە چۈشەر، دەپ قاراپ تۇراتتۇق. ئانام ئۆيدىن شالدىرشاپ ئېلىپ چىقسا، بىرنەچچە بالا بىرەيلەن بىر ئۇچىدىن تۇتاتتۇق، ئانام بىر تال ئۈجمە شېخىنى تارتىپ كۈچەپ لىڭشىتاتتى، دانە ـ دانە پىشىپ مەي بولغان ئۈجمىلەر تورۇكلاپ چۈشەتتى. دەرەخ سايىسىدە، ياڭ ھامام ئۆيىدىن كەمپۈت، پېچىنىلەرنى ئېلىپ چىقاتتى، ئانام ساڭزا، پەرەنىكلەرنى ئېلىپ چىقاتتى، بىر توپ چوڭ ـ كىچىكلەر ئۈستەلنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ، ئۈجمە يەيتتۇق، پەرەنىكلەرگە ئېغىز تېگەتتۇق، ئۇ مەنزىرىنى تا ھازىرغىچە ئۇنتۇيالمايمەن.

كېيىن، جياڭ شىنخۇئا خىزمەتكە قاتناشتى، مەنمۇ ئىلگىرى ـ كېيىن يېزا (بازار)، ناھىيەگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئىدارىلەرگە بېرىپ خىزمەت قىلدىم، خىزمەت ئالدىراشلىقى سەۋەبلىك ئانچە كۆپ يۈز كۆرۈشەلمەيتتۇق، لېكىن بىرەر مەزگىل ئۆتسىلا، بىز تېلېفونلىشىپ بىللە تاماق يەپ پاراڭلىشىشقا كېلىشەتتۇق، مەن جياڭ شىنخۇئا بىلەن باللىق مەزگىلدە ئورناتقان دوستلۇق بارغانسېرى چوڭقۇرلاشتى، بىزنىڭ دوستلۇق گۈلىمىز تيانشان قار لەيلىسىدەك پاك، غۇبارسىز بولۇپ، مەڭگۈ پورەكلەپ ئېچىلىدۇ.

2008 ـ يىلى، مەن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسىغا كېسەل كۆرسەتكىلى بارغاندا، سالامەتلىك تەكشۈرتۈش جەريانىدا سېستىرالار باشلىقى لىۋ دۇڭمېي بىلەن تونۇشۇپ قالدىم. تەكشۈرتۈش تۈگىگەندىن كېيىن مەن توقسۇغا قايتىپ كەلدىم، بىر ھەپتىدىن كېيىن دوختۇرخانىدىكىلەر ماڭا تېلېفون قىلىپ، كېسەللىك ئەھۋالىمنىڭ سەل مۇرەككەپ ئىكەنلىكىنى، قايتا تەكشۈرتۈشۈم كېرەكلىكىنى ئېيتتى. تېلېفوننى قويغاندىن كېيىن مەن گاڭگىراپلا قالدىم، خېلى ئۇزاققىچە ئەسلىمگە كېلەلمىدىم. مەن ئەمدىلا تونۇشقان سېستىرالار باشلىقى لىۋ دۇڭمېيگە تېلېفون قىلدىم، تېلېفوننىڭ يەنە بىر ئۇچىدىكى لىۋ دۇڭمېي ماڭا تەسەللى بېرىپ مۇنداق دېدى: «قورقماڭ، ھازىر داۋالاش تېخنىكىسى شۇنداق تەرەققىي قىلغان، يەنە كېلىپ تېخى ئېنىق دىياگنوز قويۇلمىغان تۇرسا، سىز خاتىرجەم كېلىپ تەكشۈرتۈۋېرىڭ.» ساراسىمىگە چۈشكەن كۆڭلۈم ۋاقىتىنچە تەسەللى تاپتى. ئارقىدىنلا، مەن كېچىلەپ پويىزغا ئولتۇرۇپ ئۈرۈمچىگە قاراپ يولغا چىقتىم. مەن ھارغىن قەدەملىرىم بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ چوڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كەلگىنىمدە، تاسادىپىي ھالدا سېستىرالار باشلىقى لىۋ دۇڭمېينىڭ مېنى ساقلاپ تۇرغانلىقىنى بايقىدىم، شۇ دەمدە مەن خۇددى قېرىندىشىمنى كۆرگەندەك بولدۇم. شۇنىڭدىن كېيىنكى ھەر يىللىق تەكشۈرتۈشتە، مەن سېستىرالار باشلىقى لىۋ دۇڭمېينى ئۇچرىتىپلا تۇردۇم، ئۇمۇ ھەر قېتىم مېنى قىزغىن كۈتۈۋالدى، ھالىمدىن پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خەۋەر ئالدى. 2017 ـ يىلى، نەۋرەم ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسىغا كېسەل كۆرسەتكىلى بارغاندا، يەنە سېستىرالار باشلىقى لىۋ دۇڭمېينىڭ خۇددى قېرىندىشىدەك غەمخورلۇق قىلىشىغا، ھالىدىن خەۋەر ئېلىشىغا ئېرىشتۇق، بۇنىڭدىن مەن ئىنتايىن تەسىرلەندىم. ھازىرغا قەدەر بىز يەنە ئىزچىل ئالاقىنى ساقلاپ كېلىۋاتىمىز، ئۆزئارا بىر ـ بىرىمىزگە كۆڭۈل بۆلىمىز، بىز بىر ئائىلە كىشىلىرى بولمىغىنىمىز بىلەن مۇناسىۋىتىمىز بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ مۇناسىۋىتىدىنمۇ ئېشىپ چۈشتى.

نەچچە ئون يىلدىن بۇيان بېسىپ ئۆتكەن يولۇمنى ئەسلىگىنىمدە، مەن پارتىيەگە چىن قەلبىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن، دەل پارتىيەنىڭ يېتەكچىلىكى ۋە غەمخورلۇق قىلىشى بىلەن، مەن ئادەتتىكى ئىشچىنىڭ بالىسىدىن قەدەممۇقەدەم ھاكىم دەرىجىلىك پارتىيەلىك رەھبەرىي كادىر بولۇپ ئۆسۈپ يېتىلدىم. بۇ يىل جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى، ۋەتىنىمىزدە يەر ـ جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرگۈدەك ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى، يۇرتۇمدىمۇ غايەت زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى، سىرتتا ئىشلەيدىغان نۇرغۇن كىشىلەر قايتىپ كېلىپ يۇرتىدىكى ئۆزگىرىشلەردىن ھەيران بولۇشتى. ھەر مىللەت يۇرتداشلار ئۆزئارا ھەمدەم بولۇپ، بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك ئۆتۈۋاتىمىز، بۇلارنىڭ ھەممىسى پارتىيەنىڭ دانا، ئۇلۇغ رەھبەرلىكىدىن بولغان، بۇلارنىڭ ھەممىسى يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ياخشى سىياسىتىدىن بولغان. بۈگۈنكى كۈندە ياشاۋاتقان بىز بەختلىك، خۇشال. بىز مەڭگۈ پارتىيەگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، پارتىيەنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، پارتىيەگە ئەگىشىپ ماڭىمىز!

---

# ئەسلى مەقسەت ۋە بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، سوتسىيالىزمنىڭ قۇرغۇچىلىرى ۋە ئىزباسارلىرىنى يېتىشتۈرۈشكە كۈچ قوشۇش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

مەكتەپ قورۇسى ئىللىق قۇياش نۇرىغا چۆمگەنىدى، ساۋاقداشلار تولۇپ تاشقان ئىشەنچكە، غەيرەت ـ جاسارەتكە تولغان بولۇپ، ھەممىلا يەردە ياشلىق ۋە قايناق ھېسسىيات ئۇرغۇپ تۇراتتى. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئۇنىۋېرسال ئوقۇتۇش بىناسى ئالدىدىكى مەيداندا ھەيۋەتلىك دۆلەت شېئىرى ساداسى ئىچىدە بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراق ئاستا ـ ئاستا كۆتۈرۈلدى، ھەر مىللەت ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ 70 يىللىق كۆرەش مۇساپىسىنى بىرلىكتە ياد ئېتىپ، ئۇلۇغ ۋەتەنگە بولغان سەممىي مەدھىيەسى ۋە قۇتلۇق تىلەكلىرىنى بىرلىكتە ئىپادىلىدى. مۇراسىمدا پېنسىيەگە چىققان ئوقۇتقۇچىلار ۋەكىلى، مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىلار ۋەكىلى، ئوقۇغۇچىلار ۋەكىلى بىرلىكتە مەكتەپ تارىخى قاپارتما نەقىشىنىڭ يوپۇقىنى ئېچىپ، مەكتەپنى گېنېرال ۋاڭ جېننىڭ ئۆز قولى بىلەن قۇرغانلىق، ئۇرۇش ئوتى ئىچىدە ئارمىيەگە ئەگىشىپ يۆتكەلگەنلىك، تىنچلىق يىللىرىدا تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ زورايغانلىق مۇساپىسىنى قايتا ئەسلىدى.

«ھەم كۆرەش قىلىمىز، ھەم ئىشلەپچىقىرىمىز، 359 ـ لۈ نەمۇنىمىز...» ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنىڭ قايناق ـ تاشقىنلىققا چۆمگەن ناخشا ئاۋازىغا ئەگىشىپ، «نەنەنىۋەن» دېگەن ناخشا خىياللارنى ئاشۇ ئۇنتۇلغۇسىز يىللارغا قايتۇرۇپ باردى. ئومۇمىي خور «مەن 1 ـ ئاۋغۇست ئوتتۇرا مەكتىپىدىن» ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنىڭ «جاپاغا چىداپ كۆرەش قىلىش، كەڭ قورساق، سىغدۇرۇشچان بولۇش»تىن ئىبارەت مەكتەپ روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇش ئۇلۇغۋار ئىرادىسىنى ئىپادىلىدى. «مەن سېنى سۆيىمەن جۇڭگو» ناملىق ناخشىنىڭ تەسىرلىك مېلودىيەسىگە ئەگىشىپ، بارلىق ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار دۆلەت بايرىقى ئاستىغا يىغىلىپ، ياڭراق ئاۋازدا ناخشا ئېيتىپ، ئانا ۋەتەنگە بولغان ئەڭ سەممىي ھېسسىياتىنى ئىپادىلىدى.

مۇراسىم ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، لى پېڭشىن مەكتەپ تارىخى سارىيىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى. ھەربىر پارچە سۈرەت، ھەربىر پارچە گىرافىك، ھەربىر ماددىي بۇيۇم مەكتەپنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسىنى نامايان قىلىپ تۇراتتى. لى پېڭشىن پات ـ پات قەدىمىنى توختىتىپ كۆردى ھەم ئالاقىدار ئەھۋاللارنى سورىدى. ئۇ مۇنداق كۆرسەتتى: 1 ـ ئاۋغۇست ئوتتۇرا مەكتىپى شەرەپلىك ئىنقىلابىي ئەنئەنە ۋە قىزىل گېنغا ئىگە مەكتەپ، مەكتەپنىڭ قىزىل بايلىق مەنبەسىنى چوڭقۇر قېزىپ ۋە ئۇنىڭدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ياش ـ ئۆسمۈر ئوقۇغۇچىلارنىڭ جۇڭگونىڭ ئىنقىلاب، قۇرۇلۇش، ئىسلاھات تارىخىي بىلىملىرىنى ئىگىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئۇلارنى پارتىيەنى قىزغىن سۆيۈش، ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈش، خەلقنى قىزغىن سۆيۈشكە، ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق قىزىل گېننى ئەۋلادمۇئەۋلاد يەتكۈزۈشكە تەربىيەلەش، يېتەكلەش كېرەك.

لى پېڭشىن مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنۇتماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشقا بىرلەشتۈرۈپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى دەرسلىككە كىرگۈزۈش، دەرسخانىغا كىرگۈزۈش، ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنىڭ كاللىسىغا سىڭدۈرۈشنى داۋاملىق چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىش، شۇنىڭ بىلەن بىللە، پارتىيە تارىخىنى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تارىخىنى ئۆگىنىش تەشۋىق ـ تەربىيەسىنى ياخشى تۇتۇپ، ھەر مىللەت ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنى جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، ئاڭلىق ھالدا ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشقا تەربىيەلەش، يېتەكلەش كېرەك. پارتىيەنىڭ مائارىپ فاڭجېنىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەخلاق ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەش تۈپ ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيە ئۈچۈن ئادەم تەربىيەلەش، دۆلەت ئۈچۈن ئىختىساسلىقلارنى تەربىيەلەشتە چىڭ تۇرۇپ، مەكتەپنىڭ ئىسلاھاتى ـ تەرەققىياتىنىڭ باشتىن ـ ئاخىر شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانى بىلەن ئوخشاش يۆنىلىشتە تەڭ ئېلىپ بېرىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي، گۈزەللىك، ئەمگەك جەھەتتە ئەتراپلىق يېتىلگەن سوتسىيالىزمنىڭ قۇرغۇچىلىرى ۋە ئىزباسارلىرىنى تىرىشىپ يېتىشتۈرۈش كېرەك. ئوقۇش باشلاشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، مەكتەپكە كىرىش تەربىيەسىنى كۈچەيتىپ، ئوقۇش باشلانغاندىكى «بىرىنچى سائەتلىك دەرس»نى ياخشى سۆزلەش، ئوقۇتۇش بىناسى، كۇتۇپخانا، تەجرىبىخانا، ئاشخانا قاتارلىق نۇقتىلىق ئورۇنلار ۋە مۇناسىۋەتلىك ئەسلىھە ـ ئۈسكۈنىلەرنى رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈپ رېمونت قىلىپ، ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنى ئىناق، مۇقىم بولغان ئوقۇش ـ ئوقۇتۇش مۇھىتى بىلەن تەمىنلەش كېرەك.